# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网: www.xjdaily.com
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 8 - ئاي
4
سەيشەنبە
维吾尔文 8 月4日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25143 - سان　بۈگۈن 4 بەت


ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش «بۇلۇت»تا ئۇدۇللاشتۇرۇلدى

## شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە 775 مىليون يۈەنلىك كېلىشىم ئىمزالاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېەن چىنيەن خەۋەر قىلىدۇ: «بىر كۈن ئىچىدە، بىز توردا ساتقان ياڭاقنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 337 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى» دېدى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مەمەترېھىم تۇرسۇن خۇشال ھالدا.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ خاس، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەينىنى چىقىپ شەھەرگە كىرىشىگە ياردەم بېرىش - يولەش، ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا مەنىسترلىقى بازار ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى توردا ئۇدۇللاشتۇرۇش شەكلىدە 2020 - يىللىق شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش پائالىيىتى (قەشقەر) ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى 20 نامرات ناھىيەدىن كەلگەن 100دىن ئارتۇق مال تەمىنلىگۈچى سودىگەرنى تەكلىپ قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھالقىلىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

# ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش　ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش

—— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە (2)

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش جاھاننى تىنچلاندۇرۇپ، خەلق رايىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپ. تېرىلغۇ يەر ۋە تېخنىكا ئاشلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى ۋە ئۇل تېشى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا نۇقتىلىق مايىللاشتۇرۇشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بۇغداي، بولۇپمۇ كۈزگى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئۇنۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى پۇختا قەدەمدە ئۆستۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەمىناتىنىڭ تولۇق بولۇشى، ئېشىنچا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئامباردا ساقلاشقا باغلاش، ھوسۇل بىلەن كېمىنى تولۇقلاش قاتارلىق ئەنئەنىۋى قاراشلار بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، بىر يۈرۈش تېخنىۋى ئاكتىپ، تېخنىۋى ئۇزاق مۇددەتلىك، تېخنىۋى ئىلمىي ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەنمەكتە، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.



زىرائەت پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى قۇتۇبىي ناھىيەسىنىڭ ئەرشىلەدەن بازىرى نىڭجوۋخۇ كەنتىدىكى بۇغدايلىقتا مەشغۇلات قىلماقتا (ماتېرىيال سۈرەت). □ تاۋ ۋېيمىڭ فوتوسى

### جان تومۇر تېرىلغۇ يەردە

تېرىلغۇ يەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان تومۇرى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى. تېرىلغۇ يەر بولمىسا ئوزۇقلۇق ئاشلىق بولمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئەڭ قاتتىق بولغان تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمى ۋە ئەڭ قاتتىق بولغان يەرنى تېجەپ ئىشلىتىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقنى قاتتىق ساقلاپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، 11 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 42 ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق ناھىيە، شەھەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشغا تۈرتكە بولايلى

—— ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش بولۇش، ياخشى قەدەم ئېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىندا ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتى دۇچ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسلار چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ئاساسىي تەلىپى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندىن ئىلگىرى ئېچىلغان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىياتتا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرنى پائال ھەل قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن خەۋپ - خەتەر، خىرىس ۋە غايەت زور بېسىمنى پەسەيتىپ، تۆگىتىپ، ئىسلاھات - تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش، ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسنى يېڭىش ئۈچۈن كەڭ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، قۇدرەتلىك كۈچ توپلاش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

جولاڭ شىنجاڭ شىركىتى تەرەققىيات يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىششىغا، مەھسۇلاتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىششىگە تۈرتكە بولدى ——

## توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى ساھەسىنىڭ ئېگىزلىك نۇقتىسىنى ئىگىلەش

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

ياسىمچىلىقنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا نەزەر ③

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، لىيۇ شياڭ، جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۇ يىخەن　پىراكتىكانت جياڭ يىياۋ

ھەر مىنۇتتا 180 مىڭ قېتىم ئايلىنىدۇ، 100% كېرەكسىز پاختىنى ئېگىرىشكە بولىدۇ! جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا چەكلىك شىركىتى پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئۆزگىچە يەككە ئۇرچۇقلۇق ماگنىتلىق لەيلىتىش - ئۇچىنى ئۇلاش تېخنىكىسىغا ئىگە.

ئىلغار ياسىمچىلىق ياسىمچىلىقتىكى يېڭىلىق يارىتىشى ئەڭ جانلىق، نەتىجىسى ئەڭ مول ساھە، شۇنداقلا قىممەت زەنجىرىدىكى يۇقىرى پايدا، يۇقىرى قوشۇلما قىممەت يارىتىدىغان ساھە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) 1 - نومۇرلۇق يەرگە جايلاشقان جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىگە بېرىپ، بىز ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن شىنجاڭ ياسىمچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئېگىزلىكىنى ھېس قىلدۇق.

### پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ياساش سودىگىرى

Zinser Ring 72 دەپ ئاتىلىدىغان ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى ئالدىدا، جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ سۈپەت ئىنژېنېرى لى شۆەن ماشىنىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. 2018 - يىلى تۇنجى داشۆسىنىڭ ماشىنسازلىق قۇرۇلۇشى كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، لى شۆەن بۇ يەرگە كەلدى، گەرچە بۇ ماشىنا بىلەن ئۇچراشقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دائىم بۇ ماشىنىنىڭ قالتىس ئىپادىسىدىن سۆيۈنەتتى.

«ئىلغار! ئىنتايىن ئىلغار!» لى شۆەن مۇنداق دېدى: «يىپ ئۈزۈلۈپ كەتسە ئۇچىنى ئاپتوماتىك ئۇلايدۇ؛ ماگنىتلىق لەيلىتىش ئېلېكترو ماشىنىسى ئىشلىتىلگەچكە، ئېگىرىش لوڭقىسىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلانغاندىمۇ يەنىلا پاراللېل ھالەتنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ يىپنى ئاپتوماتىك يۆگىگىلى بولىدۇ؛ يەككە ئۇرچۇقنى مۇستەقىل كونترول قىلغىلى بولىدۇ، شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ دېگەن 1000 - 2000 ئۇرچۇق...»

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى يوشۇرۇن زىيارەت قىلدى، تەكشۈردى

## پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۇڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرى، مەھەللىلەر ۋە دوختۇرخانىلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى يوشۇرۇن زىيارەت قىلدى، تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۆچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرماقتا، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ كادىرلار، ئامما قاتتىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




خەلققە قولايلىق يارىتىش كىچىك ھارۋىسى مەھەللىگە كىردى

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىكى يۈسەي جيايۈەن ئولتۇراق رايونىدا، مەھەللە كادىرلىرى كىچىك ھارۋا بىلەن ئاھالىلەرگە كۆكتات يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى جەزمەن چىڭىتىش كېرەك

سۆز　ھەممىگە

□ لىيۇ چيەنشىڭ

ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ھازىر، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرماقتا، بىز جەزمەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، ئۇدا جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە پۈتۈن كۈچ بىلەن غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «تۆۋەن چەك تەپەككۇرى ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ھەرقانداق ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ تەييارلىق كۆرۈپ، تىرىشىپ ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.» تۆۋەن چەك تەپەككۇرى پارتىيەمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت دۆلەت ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش داۋامىدا شەكىللەنگەن مۇھىم سىياسىي ئەقىل - پاراستى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى ۋاقتىدا تۇرغۇزۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغىرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئۇدا تۆت كۈن تۆۋەنلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا**نىڭ 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغىرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئۇدا تۆت كۈن تۆۋەنلىگەن، جەمئىي ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغىرىق مىسالى سانىنىڭ كۆپىيىشى ئالدىنقى مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاستىلاشقا يۈزلەنگەن. ھازىر يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن، لېكىن بىر قاتار كۈچلۈك تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئومۇمىي جەھەتتىن بىرقىسىم ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلمەكتە.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 11 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چاۋ جىن، يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)